# 93111 ـ قۇرئان تۇرغان يەردە ھەدىسكە نېمە ئېھتىياج دېگۈچىلەر سەمىگە

**سوئال**

قۇرئان كەرىم شەرىئەت ھۆكۈملىرى ئۈچۈن تولۇق يېتەرلىك بولسا، مۇسۇلمانلارنىڭ سۈننەتكە نېمە ھاجىتى بولىدۇ؟.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئۇلۇغ ئاللاھقا خاستۇر.
بىرىنچى: دىن دۈشمەنلىرى دائىم ئاللاھنىڭ دىنىنى ھەرخىل يوللار بىلەن ۋە ئوخشىمايدىغان ۋاستىلار بىلەن بۇزۇشقا ئۇرۇنىدۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىغا ئازغۇنلۇق ۋە شەك شۈبھىلەرنى تارقىتىدۇ، مۇسۇلمانلاردىن بىرقىسىم بىلىمسىز، ئىمانى ئاجىز كىشىلەر ئۇلارغا ئەگىشىپ كېتىدۇ، ئەگەر مۇسۇلمانلاردىن بىرەرسى ئويغۇنۇپ بۇ ھەقتە ئازراق پىكىر يۈرگۈزسە ئىدى، ئۇلارنىڭ قۇرۇق شۈبھە ۋە كىرەكسىز دەلىل ھۆججەتلىرىنى سىزىۋالالىغان بولاتتى. ئاددىي بىر كىشىمۇ بۇ ئېتىبارسىز شۈبھىگە ئەڭ ئاسان جاۋاب بېرەلىگەن بولاتتى . سۈننەتكە ئېھتىياجىم يوق دېگەن كىشى ئۆزىدىن، پېشىن نامىزىنى قانچە رەكئەت ئوقۇيمەن؟ پەرز قىلىنغان زاكاتنىڭ مىقدارى قانچىلىك؟ دەپ سورىسا، بۇ ھەممە مۇسۇلمان كىشى بىلىدىغان ناھايىتى ئاسان ئىككى سوئال بولۇپ بۇنىڭ جاۋابىنى قۇرئاندىن تاپالمايدۇ، بەلكى قۇرئاندىن، ئاللاھ تائالانىڭ ناماز ئوقۇڭلار ۋە زاكات بېرىڭلار دېگەن بۇيرۇقىنى تاپىدۇ . ئۇنداقتا ئۇلار سۈننەتكە مۇراجىئەت قىلمىسا ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى قانداق ئىجرا قىلىدۇ؟ سۈننەتكە مۇراجىئەت قىلماي تۇرۇپ قۇرئاننىڭ بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلىشى مۇمكىن ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن سۈننەتنىڭ قۇرئانغا بولغان ھاجىتىدىن قۇرئاننىڭ سۈننەتكە بولغان ھاجىتى يۇقىرى بولىدۇ، ئىمام ئەۋزائىي( ئاللاھ ئۇ كىشىگە رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دەيدۇ: سۈننەتنىڭ قۇرئانغا بولغان ئېھتىياجىدىن قۇرئاننىڭ سۈننەتكە بولغان ئېھتىياجى كۆچلۈك . شۇنداقلا بۇ سۆزنى زەركىشىنىڭ "بەھرىل مۇھىت" دېگەن كىتابىنىڭ 6- توم 11- بەتتە، ئىبنى مۇپلىھ ئەل ھەنبەلىي "ئاداب شەرىيئە" دېگەن كىتابىنىڭ 2 ـ توم 307- بەتتە تابىئىنلاردىن بولغان مەكھۇلدىن نەقىل قىلغان. بىز سوئال سورىغۇچى قېرىنداشىمىزدىن ياخشى گۇمان قىلىمىز، قېرىنداشىمىز قۇرئان كەرىمنى ئۇلۇغلاپ، مۇشۇنداق سۆزلەرگە قانداق رەددىيە قايتۇرۇشنى چۈشىنىۋېلىش ئۈچۈن بۇ سوئالنى سورىدى دەپ ئويلايمىز.
ئىككىنچى: مۇسۇلمانلارنىڭ ئېسىل سۈننەت ئۈچۈن ئېھتىياجى يوق، قۇرئان ئۇلارغا كۇپايە قىلىدۇ دەپ قارىغان كىشىلەرگە مۇنداق رەددىيە بېرىمىز: قۇرئان بىلەنلا كۇپايىلىنىمىز، سۈننەتكە ھاجىتىمىز يوق دېگۈچىلەرگە، ئاللاھنىڭ كىتابى بولغان قۇرئان كەرىم رەددىيە بېرىدۇ. چۈنكى قۇرئان كەرىمدىكى نۇرغۇن ئايەتلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقىنى چىڭ تۇتۇش، چەكلىگەن ئىشلىرىدىن يېنىش، بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىش، ھۆكمىنى قوبۇل قىلىش قاتارلىق ئىشلارغا رىغبەتلەندۈرىدۇ . ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار ، ھەقىقەتەن

ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر ھەشىر سۈرىسى 7– ئايەت .

ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ئېيتقىنكى : ئاللاھقا ئىتائەت قىلىڭلار، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر ئۇلار ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتسا، پەيغەمبەرنىڭ ئەلچىلىكنى يەتكۈزۈش مەسئۇلىيىتى بار، سىلەرنىڭ ئىتائەت قىلىش مەسئۇلىيىتىڭلار بار، ئەگەر پەيغەمبەرنىڭ (ئەمرىگە)ئىتائەت قىلساڭلار، ھىدايەت تاپىسىلەر، پەيغەمبەرنىڭ پەقەت چۈشىنىشلىك قىلىپ تەبلىغ قىلىش مەسئۇلىيىتى بار نۇر سۈرىسى54– ئايەت . يەنە بىر ئايەتتە : بىز ھەر قانداق پەيغەمبەرنى پەقەت ئىتائەت قىلىنىش ئۈچۈنلا ئەۋەتتۇق(ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغانلىق ئاللاھقا ئىتائەت قىلغانلىق بولىدۇ) سۈرە نىسا 64–ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار(يەنى مۇناپىقلار) ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمۈڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولىسمۇ يوقالمىغىچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ نىسا سۈرىسى 65– ئايەت.

ئۆز گۈمانىدا بىزگە قۇرئان كەرىم كۇپايە قىلىدۇ، سۈننەتكە ھاجىتىمىز يوق دەپ دەۋا قىلغۇچى ئىنسان، ئاللاھ تائالانىڭ يۇقىرىدىكى ئايەتلىرىگە قانداق قارايدىكىن!؟ ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئايەتتىكى بۇيرۇقلىرىغا قانداق جاۋاپ بېرىدۇ؟.

بۇنى بىز ئەۋۋەلدە ئىنچىكىلاشتۇرۇپ ئېيتقان سۆزىمىزگە ئۇلاپ ئېيتساق: ئۇ ئادەم ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بۇيرىغان نامازنى قانداق ئادا قىلىدۇ؟ نامازنىڭ رەكئەت سانىنى، ۋاقىتلىرىنى، شەرتلىرىنى ۋە نامازنى بۇزۇۋېتىدىغان ئىشلارنى قانداق بىلىدۇ؟، زاكاتتا، روزىدا، ھەجدە ۋە باشقا دىنى پائالىيەت ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى قانداق قىلىدۇ؟.

ئاللاھ تائالانىڭ : ئوغرىلىق قىلغۇچى ئەرنىڭ ۋە ئوغرىلىق قىلغۇچى ئايالنىڭ قىلمىشىنى جازالاپ، ئاللاھ تەرىپىدىن ئىبرەت قىلىش يۈزىسىدىن قوللىرىنى كېسىڭلار ئاللاھ (ئۆز ئەمرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا) غالىبتۇر،ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر بۇ ئايەتنى قانداق ئەمەلىيلەشتۈرىدۇ؟ ! ئوغرىلىقتا قول كېسىلىدىغان مالنىڭ مىقدارى قانچىلىك؟ قولنى قەيەردىن كېسىدۇ؟ ئوڭ قولنىمۇ ياكى سول قولنىمۇ؟ ئوغۇرلانغان نەرسىلەردىكى شەرتلەر قايسى؟ بىز بۇ سۆزنى زىنا قىلغۇچىلارنى جازالاش، باشقىلارغا بوھتان قىلغۇچىلارنى جازالاش، لەنەت ئېيتىشىش ۋە باشقا جازا قانۇنلىرىنى ئىجرا قىلىشتىمۇ تەكرارلايمىز.

بەدرىددىن زەركىشى (ئۇ كىشىگە ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دەيدۇ: ئىمام شاپىئي " ئەررىسالە " ناملىق ئەسىرىنىڭ "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكى" دېگەن بۆلۈمىدە ئاللاھ تائالانىڭ: كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ھەقىقەتتە ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ دېگەن ئايەتنى كەلتۈرۈپ، ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ كىتابىدا بىكىتكەن ھەج، ناماز ۋە زاكاتقا ئوخشاش پەرزلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىجرا قىلىنىش ماھىيىتىنى بايان قىلىپ بەرمىگەن بولسا بىز ئۇ ئىبادەتلەرنى قانداق ئادا قىلىشنى بىلمەيتتۇق . شەرىئەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئورنى يۇقىرى بولغانىكەن، ئەمەلىيەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلغانلىق ئاللاھقا ئىتائەت قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ. بەھرۇل مۇھىت 6– توم 7–8–بەت.

ھەر قانداق مۇسۇلمان، بىز قۇرئان كەرىمگىلا بويسۇنىمىز، دېگۈچىلەرنى ئۇچراتقىنىدا، ئۇلارنى قۇرئاننى بەك ئۇلۇغلايدىكەن دەپ قارايدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار قۇرئانغا ئەڭ بەك خىلاپلىق قىلغۇچى ۋە دىندىن ئەڭ يىراق بولغۇچىدىن ئىبارەتتۇر. چۈنكى ئۇ زۆرۈر بولغان دىنى ئەھكاملارنى ئىجرا قىلىشتا قۇرئان كەرىم بىزگە كۇپايە قىلىدۇ دەپ قاراپ سۈننەتتە بايان قىلىنغان ئەھكاملارغا ئەمەل قىلماسلىق بىلەن كافىر بولىدۇ ياكى سۈننەتتە بايان قىلىنغان ئەھكاملارنى ئادا قىلىش بىلەن ئۆز كۆز

قارشىنى بۇزىدۇ .

ئۈچىنچى: ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىسلام دىنى بىلەن ئەۋەتتى، بۇ بۈيۈك نېمەت يالغۇز قۇرئان كەرىملا بولماستىن، بەلكى ئۇ قۇرئان بىلەن سۈننەتتىن ئىبارەتتۇر. ئاللاھ تائالا ئىسلام ئۈممىتىگە دىننى تاماملاپ، نېمەتنى تولۇقلاپ بەرگەندە بۇنىڭدىن پەقەت قۇرئاننى چۈشۈرۈشنى مەقسەت قىلمىدى، بەلكى قۇرئان ھەدىستىكى ئەھكاملارنى تاماملىغانلىقنى مەقسەت قىلدى . ئاللاھ تائالانىڭ ئۆز بەندىلىرىگە دىننى تاماملاپ، نېمەتنى تولۇقلاپ بەرگەنلىكتىن خەۋەر بەرگەندىن كېيىنمۇ قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرىنى نازىل قىلغانلىقى بۇنىڭ دەلىلى بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم سۈرە مائىدە 3-ئايەتنىڭ بىر قىسمى. بەدرىددىن زەركىشى (ئۇ كىشىگە ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالانىڭ: "بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم" دېگەن سۆزى: يالغۇز قۇرئاننى ئەمەس بەلكى سىلەرگە ئەھكاملارنى پۈتۈن قىلدىم دېگەنلىكتىن ئىبارەت، چۈنكى ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئەھكاملارغا ئالاقىدار بولمىغان نۇرغۇن ئايەتلەر نازىل بولغان. ( ئەلمەنسۇر پىل قەۋائىد 1-توم 142- بەت ).

ئىبنۇل قەييۇم (ئۇ كىشىگە ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ سۆزىنى بايان قىلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى ئارقىلىق ئۆزى بۇيرىغان، چەكلىگەن، ھالال قىلغان، ھارام قىلغان ۋە ئۆزى ئەپۇ قىلغان بارلىق ئىشلارنى بايان قىلدى. ئاللاھنىڭ بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم دېگىنىدەك ئاللاھنىڭ دىنى پۈتۈن بولدى. (ئىئلامۇل مۇۋەققىئىين1-توم 250- بەت).

تۆتىنچى: ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈننەتىنىڭ ئاللاھ تەرەپتىن ۋەھيى قىلىنىشتا، ھۆججەت بولۇشىدا ۋە ئىبادەتنى ۋاجىب قىلىشتا قۇرئانغا ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى . يالغۇز قۇرئانلا كۇپايە قىلىدۇ دەپ پەقەت قۇرئان بۇيرىغاننى قىلىش ۋە چەكلىگەندىن يېنىش دەپ، سۈننەتتىن يىراقلىششتىن ئاگاھلاندۇردى. سۈننەتتە ھاراملىقى ئىسپاتلانغان، قۇرئاندا سۆزلەنمىگەن، قۇرئاندا ئۇنىڭ ھالاللىقىغا ئىشارەت قىلىنغان بىر مىسالنى بايان قىلىپ، بۇنى تۆۋەندىكى سەھىھ ھەدىستە سۆزلىدى. مىقداد ئىبنى مەئدىي كەرىبە (ئاللاھ ئۇ كىشىدىن رازى بولسۇن) دىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: دىققەت قىلىڭلار! ماڭا قۇرئان ۋە قۇرئاننىڭ ئوخشىشى بېرىلدى، دىققەت قىلىڭلار! يېقىندا بىر كىشى قورسىقىنى تويغۇزۇپ ئورۇندۇقتا يۆلىنىپ تۇرۇپ: قۇرئانىنلا لازىم تۇتۇڭلار. قۇرئاندا نېمىنى ھالال دەپ تاپساڭلار ھالال دەڭلار، نېمىنى ھارام دەپ تاپساڭلار ھارام دەڭلار دەيدۇ، دىققەت قىلىڭلار! سىلەرگە ئۆي ئېشىكىنىڭ گۆشى ۋە يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېيىش ھالال بولمايدۇ . ئەبۇ داۋۇت 4604- نومۇرلۇق ھەدىستە رىۋايەت قىلغان . ئەلبانىي سەھىھ دەپ قارىغان.

ساھابىلەرنىڭ(ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) دىنى چۈشەنچىسى ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد (ئاللاھ ئۇ كىشىدىن رازى بولسۇن) دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ: مەڭ چەككۈچى، مەڭ چەكتۈرگۈچى، قاش تەردۈرگۈچى، چىرايلىق بولۇش ئۈچۈن چىشلىرىنى ياسىتىپ ئاللاھنىڭ تەبىئىي يارىتىشىنى ئۆزگەرتكۈچى ئاياللارغا ئاللاھ لەنەت قىلسۇن! دېۋىدى، بۇ سۆزنى بەنى ئەسەد قەبىلىسىدىكى ئۇممۇ يەئقۇب ئىسىملىك بىر ئايال ئاڭلاپ ئىبنى مەسئۇدنىڭ يېنىغا كېلىپ: سەن ئاياللارغا لەنەت ئېيتىپسەنغۇ

دەپ ئېتىراز بىلدۈردى، ئىبنى مەسئۇد: پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام لەنەت ئېيتقان كىشىگە مەن نېمىشقا لەنەت ئېيتماي،
ۋەھالەنكى ئۇ ئاللاھنىڭ كىتابىدا تۇرسا دېدى، ئۇ ئايال: مەن قۇرئاننى باشتىن ئاياقىچە ئوقۇدۇم لېكىن سەن دېگەن سۆزنى
تاپالمىدىمغۇ؟ دېدى، ئىبنى مەسئۇد: ئەگەر سەن تەپەككۇر قىلىپ ئوقۇغان بولساڭ تاپاتتىڭ، سەن ئاللاھ تائالانىڭ: پەيغەمبەر
سىلەرگە نېمىنى ئېلىپ كەلسە، ئۇنى تۇتۇڭلار، سىلەرنى نېمىدىن چەكلىسە ئۇنىڭدىن يېنىڭلار دېگەن ئايىتىنى
ئوقۇمىدىڭمۇ؟دېدى، ئۇ ئايال: ئوقۇدۇم دېدى، ئىبنى مەسئۇد: ئاللاھ ئۇ ئايەتتە بۇ ئىشتىن چەكلىگەن دېدى، ئۇ ئايال: مېنىڭچە
سىنىڭ ئائىلەڭدىكىلەر شۇنداق قىلامدىكىن دەيمەن دېدى، ئىبنى مەسئۇد : ئۇنداقتا سەن بېرىپ قاراپ باققىن دېدى، ئۇ ئايال
ئىبنى مەسئۇدنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئاياللارغا قاراپ ھېچ باھانە تاپالمىدى، ئىبنى مەسئۇد: ئەگەر بىزنىڭ ئائىلىدە ئاياللار ئۇنداق
ئىشنى قىلىدىغان بولسا بىز ئۇلار بىلەن بىرگە ياشىمايمىز دېدى.( بۇخارىي رىۋايەت قىلغان 4604-نومۇرلۇق ھەدىس . مۇسلىم
رىۋايەت قىلغان 2125- نومۇرلۇق ھەدىس).
تابىئىنلارمۇ(ساھابىلاردىن كېيىنكى كىشىلەر) ئىسلام دىنىنى، يۇقىرىدىكى ھەدىستە بايان قىلىنغىنىدەك چۈشەنگەن ئىدى. ئۇلار
بۇنىڭدىن باشقا دىننى بىلمەيتتى . يەنى ئۇلارنىڭ چۈشەنچىسىدە ئەمەل قىلىش ۋە دەلىل كەلتۈرۈشتە قۇرئان بىلەن سۈننەتنىڭ
ئارىسىدا پەرق يوق، ئىككىلىسى ئوخشاش، سۈننەت بولسا قۇرئاندا ئومۇمىي بايان قىلىنغان ئىشلارنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ
بېرىدۇ دەپ قارايتتى.
ئىمام ئەۋزائىي ھەسسان ئىبنى ئەتىييەدىن بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: " جىبرىئىل ئەلەيهىسسالام مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامغا
ۋەھيي ئېلىپ چۈشەتتى، سۈننەت بولسا قۇرئاننىڭ مۇرادىنى روشەن چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى ".
ئەييۇب ئەسسىختىيانى مۇنداق دەيدۇ : " بىر ئادەمگە ھەدىس سۆزلەپ بەرسەڭ، ئۇ ئادەم: ھەدىسنى قوي! بىزگە قۇرئاندىن
سۆزلىگىن دېسە. بىلگىنكى ئۇ ئادەم ئازغۇن ۋە گۇمراھ ئادەمدۇر ".
ئەۋزائىي مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالا: كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن ئاللاھ غا ئىتائەت قىلغان بولىدى ۋە پەيغەمبەر
سىلەرگە نېمىنى ئېلىپ كەلسە ئۇنى تۇتۇڭلار...... دېدى. بۇنىڭ ئۆزى يېتەرلىكتۇر.
ئەۋزائىي، قاسىم ئىبنى مۇخەيمەرە مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ھايات ۋاقتىدا ھارام قىلىنغان
نەرسە تا قىيامەتكىچە ھارام بولىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ھايات ۋاقتىدا ھالال قىلىنغان نەرسە تا قىيامەتكىچە ھالال بولىدۇ.
(ئاداب شەرئىيە 2-توم 307- بەت).
بەدرىددىن زەركىشى (ئۇ كىشىگە ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دەيدۇ: ھاپىز ئەددارىمىي مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر
ئەلەيهىسسالامنىڭ: ماڭا قۇرئان ۋە قۇرئاننىڭ ئوخشىشى بېرىلدى دېگەن سۆزى، سۈننەتتە قۇرئان كەرىم بايان قىلمىغان
ھۆكۈملەر بار بولۇپ، بۇ ھەدىسلەر ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن قۇرئان كەرىمنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ . مىسالغا ئالساق: ئۆي
ئېشىكى ۋە يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېيىش ھالال بولمايدۇ دېگەندەك ھۆكۈملەرنىڭ تىكىستى قۇرئان كەرىمدە
سۆزلەنمىگەن، بەلكى سۈننەتتە بايان قىلىنغان.
سە ۋ باننىڭ تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغان، " ھەرقانداق ھەدىسنى قۇرئانغا توغرىلاپ ئەمەل قىلىش كېرەك" دەپ رىۋايەت
قىلىنغان ھەدىسكە قارىتا، ئىمام شاپىئىي "ئەررىسالە" ناملىق ئەسىرىدە: ھېچقانداق بىر كىشىدىن چوڭ ئىش بولسۇن ياكى كىچىك

ئش بولسۇن، ئۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسنى قۇرئانغا توغرىلاش ھەققىدە سەھىلىكى بىكىتىلگەن ساغلام ھەدىس يوق.

ھەدىسشۇناسلارنىڭ پېشىۋاسى يەھيا ئىبنى مۇئىين بۇ ھەدىسنىڭ توقۇلما ئىكەنلىكى، بۇنى دىنسىز دەھرىيلەرنىڭ توقۇغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىدۇ .

ئىبنى ئابدۇلبەر "جامىئ بايانۇل ئىلمى" ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇرەھمان ئىبنى مەھدىي مۇنداق دىدى: دىنسىز دەھرىيلەر بىلەن خاۋارىجلار گۇرۇھى ئۇلار: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەندىن رىۋايەت قىلىنغان ھەرقانداق ھەدىسنى ئاللاھ نىڭ كىتابىغا توغرىلاڭلار، ئەگەر ئاللاھنىڭ كىتابىغا مۇۋاپىق كەلسە بۇ مىنىڭ دىگەن سۆزۈم، ئەگەر مۇۋاپىق كەلمىسە مىنىڭ دىگەن سۆزۈم ئەمەس دىگەن سۆزنى ھەدىس دەپ يالغاندىن توقۇغان.

ھاپىز ئىبنى ھەجەر بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: بۇ سۆز توغرا ئەمەس، ھەقىقەتەن بەزى بىر كىشىلەر: بىز ھەدىسلەرنى قۇرئانغا توغرىلىدۇق، لىكىن بۇ ھەدىسلەر قۇرئانغا مۇخالىپ كەلدى دەيدۇ، لىكىن بىز سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىدىن قۇرئانغا مۇۋاپىق كەلگەن ھەدىسلەر قوبۇل قىلىنىدۇ دىگەن ئەسەرنى تاپالمىدۇق. بەلكى بىز ھەدىسلەر توپلىمىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىش، ھەرقانداق ھالەتتە پەيغەمبەرنىڭ ھۆكۈم قىلغان ئىشلىرىغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشتىن ھەزەر قىلىش توغرىسىدىكى ھەدىسلەرنى ئۇچراتتۇق .

ئىبنى ھىببان ئۆزىنىڭ سەھىھ كىتابىدا: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەندىن بىر ئايەت بولسىمۇ باشقىلارغا يەتكۈزۈڭلار دىگەن ھەدىسى سۈننەتنىڭمۇ ئايەت دەپ ئاتىلىدىغانلىقىغا دەلىل بولىدۇ دىگەن.(بەھرۇل مۇھىيت 6- توم 7-8- بەت)

بەشىنچى: ئالىملار سۈننەتنىڭ قۇرئاننى بايان قىلىپ بېرىدىغان بىرقانچە يوللىرىنى سۆزلىدى، ئۇنىڭ جۈملىسىدىن: سۈننەتنىڭ ھۆكمى قۇرئاندا سۆزلەنگەن ھۆكۈملەرگە مۇۋاپىق كېلىدۇ . قۇرئاندا مۇتلەق سۆزلەنگەن ھۆكۈمنى قەيىد قىلىش ئۈچۈن كېلىدۇ . قۇرئاندا ئومۇم مەنىدە سۆزلەنگەن ھۆكۈمنى مەلۇم نەرسىلەرگە خاسلاشتۇرۇش ئۈچۈن كېلىدۇ . قۇرئاندا ئىجمالى سۆزلەنگەن ھۆكۈملەرنى چۈشەندۈرۈپ بېرىش ئۈچۈن كېلىدۇ . قۇرئاندا سۆزلەنگەن بەزەن ھۆكۈملەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئۈچۈن كېلىدۇ . بەزەن يېڭى ھۆكۈملەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئۈچۈن كېلىدۇ . بەزى ئالىملار يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسىنى ئۈچ نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرگەن.

ئىبنۇل قەييۇم (ئۇ كىشىگە ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دەيدۇ: ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ سۈننەتكە قارىتا ئېتىقاد قىلىشى زۆرۈر بولغان مەسىلە؛ سۈننەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەھىھ ھەدىسلىرىدىن ئاللاھنىڭ كىتابىغا مۇخالىپ كېلىدىغان بىرمۇ ھەدىس يوق، بەلكى ھەدىسلەر ئاللاھنىڭ كىتابى بىلەن ئۈچ مەرتىبىدە بولىدىغانلىقىنى جەزىملەشتۈرۈشتىن ئىبارەت بولۇپ ئۇلار تۆۋەندىكىدەك:

بىرىنچى: ئاللاھنىڭ كىتابى گۇۋاھ بولغان نەرسىنىڭ ئۆزىگە سۈننەتنىڭ گۇۋاھلىقى مۇۋاپىق كېلىدۇ.

ئىككىنچى: سۈننەت ئاللاھنىڭ كىتابىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، ئاللاھنىڭ ئايەتتىن بولغان مۇرادىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ، ئايەتتە مۇتلەق سۆزلەنگەن ھۆكۈملەرنى قەيت قىلىش ئۈچۈن كېلىدۇ.

ئۈچىنچى: سۈننەت قۇرئان كەرىم سۈكۈت قىلغان سۆزلىمىگەن ھۆكۈمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ۋە ئۇ ھۆكۈمنى بايان قىلىپ بېرىدۇ . يۇقىرىدا سۆزلەنگەن ئۈچ تۈرلۈك مەرتىۋىنىڭ ھېچ بىرىنى رەت قىلىش توغرا ئەمەس بۇ ئۈچ مەرتىۋىدىن باشقا،

سۈننەت ئۆچۈن ئاللاھنىڭ كىتابى ئورتاقلىشىدىغان تۆتىنچى نۇقتىمۇ يوق.

ئىمام ئەھمەد: "سۈننەت قۇرئانغا ھۆكۈم قىلىدۇ" دېگەن كىشىنىڭ سۆزىنى ئىنكار قىلىپ مۇنداق دېدى: بەلكى سۈننەت قۇرئاننى تەپسىر قىلىپ ھۆكۈملەرنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

ئاللاھنىڭ پەزلى بىلەن: ھەقىقەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەھىھ ھەدىسلىرىدىن بىرىمۇ ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ كىتابىغا زىت ۋە مۇخالىپ كەلمەيدۇ . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولسا ئاللاھنىڭ ۋەھيىسىنى بايان قىلىپ بەرگۈچى، قۇرئان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قۇرئان بىلەن ھىدايەت قىلغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئانغا ئەگىشىشكە بۇيرۇلغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايەتنىڭ تەپسىرىنى ۋە مۇرادىنى ھەممە كىشىدىن بەك بىلگۈچى تۇرسا، قانداقمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى قۇرئانغا زىت مۇخالىپ كەلسۇن؟ ! بىر ئادەمنىڭ قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ سىرتقى مەنىسىنى چۈشىنىپلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىنى رەت قىلىشى مۇمكىن بولسا بۇنىڭ بىلەن سۈننەتنىڭ كۆپ قىسمى رەت قىلىناتتى ۋە ئومۇمىيسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلاتتى. ئەگەر بىرەر كىشىنىڭ تۇتۇپ ماڭغان يولى ياكى ئەگەشكەن گۇرۇھىنىڭ قارشىسىدا سەھىھ ھەدىس بىلەن دەلىل بايان قىلىنسا، ئۇ كىشى ئايەتنىڭ ئومۇمىي ياكى مۇتلەق بايان قىلىنغان تەرىپىنى دەلىل قىلىپ تۇرۇپ بۇ ھەدىس مۇشۇ ئومۇمىي ياكى مۇتلەق بايان قىلىنغان ئايەتكە زىت كېلىدۇ بۇ ھەدىس قوبۇل قىلىنمايدۇ دېيىشى مۇمكىن. ھەتتا راپىزىلار( ئاللاھ ئۇلارنى ئېخىمۇ كۆرۈمسىز قىلىۋەتسۇن) مۇتەۋاتىرلىق دەرىجىسىدىكى ھەدىسلەرنىمۇ مۇشۇ ئۇسۇلنىڭ ئۆزى بىلەن رەت قىلدى، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: بىز پەيغەمبەرلەر مىراس قالدۇرمايمىز، بىزنىڭ قويۇپ كەتكەن نەرسىلىرىمىز سەدىقەدىن ئىبارەت دېگەن ھەدىسىنى رەت قىلىپ مۇنداق دېدى: ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە : ئاللاھ باللىرىڭلار (غا تېگىدىغان مىراس)ھەققىدە تەۋسىيە قىلىدۇكى، بىر ئەرگە ئىككى ئايالنىڭ ھەسسىسى تېگىدۇ دېگەن تۇرسا، بۇ ھەدىس ئاللاھنىڭ كىتابىغا زىت كېلىدۇ .

جەھمىيە گۇرۇھى ئاللاھ تائالانىڭ : ھېچ نەرسە ئاللاھ غا ئوخشىمايدۇ دېگەن ئايەتنىڭ سىرتقى مەنىسىنى ئېتىبارغا ئېلىپ، ئاللانىڭ سۈپەتلىرىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن سۆزلەنگەن سەھىھ ھەدىسلەرنى خالىغانچە رەت قىلدى.

خاۋارىجلار گۇرۇھى بولسا قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ سىرتقى مەنىسىنى ئېتىبارغا ئېلىپ قىيامەتتە شاپائەتكە ئالاقىدار بولغان ۋە تەۋھىد ئېتىقادى بىلەن دۇنيادىن كەتكەن گۇناھكارلارنىڭ دوزاختىن چىقىدىغانلىقى ھەققىدىكى ھەدىسلەرنى رەت قىلدى.

جەھمىيە گۇرۇھى ئاللاھ تائالانىڭ : كۆزلەر ئاللاھنى كۆرەلەيدۇ دېگەن ئايەتنىڭ سىرتقى مەنىسىنى ئېتىبارغا ئېلىپ ئاللاھنى قىيامەتتە مۆمىنلەرنىڭ كۆز بىلەن ئېنىق كۆرىدىغانلىقى توغرىسىدا سۆزلەنگەن نۇرغۇن سەھىھ ھەدىسلەرنى رەت قىلدى.

قەدىرىيە گۇرۇھى قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ سىرتقى مەنىسىنى ئېتىبارغا ئېلىپ تەقدىر توغرىسىدا سۆزلەنگەن سەھىھ ھەدىسلەرنى رەت قىلدى.

ھەر بىر گۇرۇھ قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ سىرتقى مەنىسىنى ئېتىبارغا ئېلىپ ئۆز چۈشەنچىسى بىلەن سەھىھ ھەدىسلەرنى رەت قىلدى. سۈننەتنى تولۇق رەت قىلىش كېرەك ياكى تولۇق قوبۇل قىلىش كېرەك، قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ سىرتقى مەنىسىنى ئېتىبارغا ئېلىش بىلەن سۈننەتنىڭ بىرىمۇ رەت قىلىنمايدۇ، ئۇلار ياكى سۈننەتنىڭ بەزىسىنى قوبۇل قىلىپ بەزىسىنى رەت قىلىدۇ . ئۇلارنىڭ قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ سىرتقى مەنىسىنى ئېتىبارغا ئېلىپ قوبۇل قىلغىنى يەنە شۇ ئېتىبار بىلەن رەت قىلغىنىغا ئوخشاش بولۇپ،

بۇ قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ سىرتقى مەنىسىنى ئېتىبارغا ئېلىش قائىدىسىنى بۇزۇۋېتىدۇ. قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ سىرتقى مەنىسىنى چۆشىنىش ئېتىبارى بىلەن ھېچ كىشى سۈننەتنى رەت قىلالمايدۇ ئەگەر رەت قىلىپ قالسا يەنە شۇ ئېتىبار بىلەن بۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە كۆپ بولغان ھەدىسلەرنى قوبۇل قىلىدۇ.

ئىمام شاپىئي ۋە ئىمام ئەھمەد، ئاللاھ تائالانىڭ : ئېيتقىن ئى مۇھەممەد! ماڭا ۋەھيي قىلىنغان نەرسىلەردىن ھارام قىلىنغان نەرسىلەرنى تاپالمايمەن دېگەن ئايەتنىڭ سىرتقى مەنىسىگە ئاساسەن يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېيىشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدىكى ھەدىسنى رەت قىلغان كىشىلەرنى ئىنكار قىلدى ۋە ئۇلارغا رەددىيە بەردى.

ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئۆزىنىڭ قۇرئاندا سۆزلەنمىگەن ھۆكۈمنى بايان قىلغان ھەدىسلىرىنى رەت قىلغان كىشىلەرنى ئىنكار قىلغان ۋە ئۆزىمۇ قۇرئانغا زىت كېلىدىغان سۆزلەرنى قىلمىغان. چۈنكى رەسۇلۇللاھ ئۆز خاھىشى بىلەن سۆزلىمەيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى قۇرئانغا زىت كېلىدۇ دەپ داۋا قىلغان كىشىگە نىسبەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنكاسى قانداق بولار؟! (تۇرۇۋقۇل ھىكمىيە 65-67 ـ بەتلەرگە قارالسۇن ).

شەيخ ئەلبانىي (ئاللاھ ئۇ كىشىگە رەھمەت قىلسۇن) ئۆزىنىڭ سۈننەتنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى ۋە قۇرئان بىلەن سۈننەتتىن بىھاجەت بولمايدىغانلىقىنىڭ بايانى دېگەن رىسالىسىدە مۇنداق بايان قىلغان : ھەممىڭلار بىلىسىلەر ئاللاھ تابارەك ۋەتەئالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە تاللىدى، ئەلچىلىككە خاس قىلدى، قۇرئان كەرىمدىن ئىبارەت كىتابىنى چۈشۈردى، ئۆزىنىڭ بۇيرۇقلىرىنى كىشىلەرگە بايان قىلىپ بېرىشكە بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: بىز ساڭا قۇرئاننى ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەن شەرىئەتنى بايان قىلىپ بەرسۇن، ئۇلار (بۇ قۇرئاننى) پىكىر قىلىپ (ئۇنىڭدىن ۋەز ـ نەسىھەت ئالسۇن) دەپ نازىل قىلدۇق ، مېنىڭ قارىشىمچە بۇ ئايەت بايان دىن ئىككى تۈرنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ:

بىرىنچى: لەۋزى ۋە تۈزۈلۈشىنى بايان قىلىش بولۇپ، بۇ ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبىگە چۈشۈرگەندەك قۇرئان كەرىمنىڭ بۇيرۇقىنى ئادا قىلىش، يوشۇرماستىن ئۈممەتكە يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئاللاھ تائالانىڭ: ئى پەيغەمبەر ! پەرۋەردىگارىڭ ساڭا چۈشۈرگەن قۇرئاننى يەتكۈزگىن دېگەن ئايەتتىن بولغان مۇرادىدۇر.

ئائىشە (ئاللاھ ئۇ ئانىمىزدىن رازى بولسۇن) دىن بۇخارىي بىلەن مۇسلىمدا رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە مۇنداق دېگەن: « كىمكى ساڭا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ يەتكۈزۈشكە بۇيرىغان ئىشتىن بىرنى يوشۇردى دېسە، ھەقىقەتەن ئۇ كىشى ئاللاھقا چوڭ بوھتاندىن بىرنى توقۇدى دەپ، يۇقىرىقى ئايەتنى ئوقۇدى . مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ يەتكۈزۈشكە بۇيرىغان ئىشتىن بىرنى يوشۇرار بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇ: ئاللاھنىڭ « ئۆز ۋاقتىدا سەن ئاللاھ نېمەت بەرگەن، سەنمۇ ئىنئام قىلغان كىشىگە: خوتۇنۇڭنى نىكاھىڭدا تۇتقىن، ئاللاھ دىن قورققىن! دېدىڭ، ئاللاھ ئاشكارىلىماقچى بولغان نەرسىنى كۆڭلۈڭدە يوشۇردۇڭ، كىشىلەرنىڭ تەنە قىلىشىدىن قورقتۇڭ، ئاللاھدىن قورقۇشۇڭ ئەڭ ھەقلىق ئىدى » دېگەن ئايىتىنى يوشۇراتتى دەيدۇ .

ئىككىنچىسى: لەۋزىنىڭ مەنىسىنى بايان قىلىش ياكى ئومۇمىي مەنىنى بايان قىلىش ياكى ئۈممەت ئېھتىياجلىق بولغان ئايەتنى بايان قىلىپ بېرىشتىن ئىبارەت، بۇنداق بايانلار كۆپىنچە ئىجمالى ياكى ئومۇمىي ياكى مۇتلەق سۆزلەنگەن ئايەتلەردە بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ھەدىس ئىجمالى سۆزلەنگەن ئايەتنى ئوچۇقلاشتۇرۇپ بېرىدۇ، ئومۇمىي سۆزلەنگەن ئايەتنى خاسلاشتۇرىدۇ، مۇتلەق سۆزلەنگەن ئايەتنى شەرتلەر بىلەن قەيت قىلىدۇ، مۇشۇ ئىشلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى بىلەن، ئەمەلىي

ھەرىكىتى بىلەن ۋە قارار قىلىپ بېكىتىشى بىلەن بولىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ : ئوغرىلىق قىلغۇچى ئەر ۋە ئوغرىلىق قىلغۇچى ئاياللارنىڭ قولىنى كېسىڭلار دېگەن ئايىتى بۇنىڭ مىسالى، ھەقىقەتەن ئايەتتە ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىڭلار دېدى، بۇ ئايەتتەئوغرى ۋە قول دېگەن سۆز مۇتلەق سۆزلەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئاغزاكى ھەدىسى بىلەن بۇ ئىككىسىنى بايان قىلىپ بەردى، ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىش ئۈچۈن ئۇ كىشىنىڭ بىر دىنارنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىغا باراۋەر كېلىدىغان نەرسىنى ئوغرىلىغان بولىشىنى شەرت قىلىپ مۇنداق دېدى : ئوغرىنىڭ قولى بىر دىينارنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىغا باراۋەر كېلىدىغان ياكى ئۇنىڭدىن چوڭراق نەرسىنى ئوغرىلىغاندا كېسىلىدۇ. بۇ ھەدىسنى بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

شۇنىڭدەك يەنە بىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ياكى ساھابىلەرنىڭ قىلغانلىقىنى بېكىتىش بىلەن بايان قىلىپ بەردى. بۇنىڭغا ئوخشاش ھۆكۈملەر ھەدىس كىتابلىرىدا مەلۇملۇق ئىشلاردىندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئاغزاكى ھەدىسى بىلەن تەيەممۇم ئايىتىدە مۇتلەق سۆزلەنگەنقول دېگەن سۆزنى پاك تۇپراقنى يۈزۈڭلارغا ۋە قولۇڭلارغا سۈركەپ تەيەممۇم قىلىڭلار دېگەن ئايەتتىكى سۆزنى، بۇخارىي، مۇسلىم ۋە ئىمام ئەھمەد ۋە باشقىلار ئەممار ئىبنى ياسىردىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ قول دېگەن سۆزدىن ئالقان مەقسەت قىلىنىدۇ دەپ :تەيەممۇم دېگەن يۈز بىلەن ئىككى ئالقاننى سىلاش ئۈچۈن بىرقېتىم تۇپراققا ئۇرۇشتىن ئىبارەت دېگەن.

سىلەرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىگە مۇراجىئەت قىلمىسا ئاللاھنىڭ مەقسەت قىلغان ئىشىنى توغرا چۈشەنگىلى بولمايدىغان بەزەن ئايەتلەرنى بايان قىلىپ بېرىمەن:

1 ـ ئاللاھ تائالانىڭ: ئازابتىن ئەمىن بولۇش ئىمان ئېيتقان، ئىمانغا مۇشرىكلىكنى ئارىلاشتۇرمىغان ئادەملەرگە مەنسۇپتۇر، ئۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر دېگەن ئايەتتىكىزۇلۇم دېگەن سۆزنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى بۇ چوڭ كىچىك ھەممە زۇلۇمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئومۇمىي مەنادا چۈشىنىپ، بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى ئېغىر تۇيۇلۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: يارەسۇلۇللاھ! بىزنىڭ قايسى بىرىمىز ئۆزىنىڭ ئىمانىغا زۇلۇمنى ئارىلاشتۇرمىدى؟دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: « بۇ ئايەت سىلەر چۈشەنگەندەك ئەمەس، بۇ يەردە زۇلۇمدىن ئاللاھغا شېرىك كەلتۈرۈش مەقسەت قىلىنىدۇ، سىلەر لوقماننىڭ ھەقىقەتەن شېرىك كاتتا زۇلۇمدۇر دېگەن سۆزىنى ئاڭلىمىغانمۇ؟دېدى. (بۇخارىي بىلەن مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

2 ـ ئاللاھ تائالانىڭ: سەپەرگە چىققان ۋاقتىڭلاردا كاپىرلارنىڭ ئۆزۈڭلارغا زىيان- زەخمەت يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن قورقۇپ، نامازنى قەسرى قىلىپ (يەنى تۆت رەكئەتنى ئىككى رەكەت قىلىپ)ئوقۇساڭلار سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. كاپىرلار سىلەرگە ھەقىقەتەن ئوپئوچۇق دۈشمەندۇر(ناماز ئوقۇۋاتقان ۋاقتىڭلاردا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ سىلەرنى ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن يانمايدۇ دېگەن ئايەتنىڭ سىرتقى مەنىسى سەپەردە نامازنى قىسقارتىپ ئوقۇش ئۈچۈن قورقۇنچ بولۇش شەرت دېگەن مەنە ئىپادىلىنىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى ساھابىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سوراپ: بىز ھازىر تېنچ خاتىرجەم تۇرساق يەنە نامازنى قىسقارتىپ ئوقۇيمىزمۇ؟ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: بۇ ئاللاھنىڭ سىلەرگە قىلغان ئېھسانى، ئاللاھنىڭ ئېھسانىنى قوبۇل قىلىڭلار دېدى. بۇ ھەدىسنى مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

3 ـ ئاللاھ تائالانىڭ: سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان ۋە قان ھارام قىلىندى دېگەن ئايەتنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ

ئاغزاكى ھەدىسى بىلەن بايان قىلىپ ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاندىن چېكەتكە بىلەن بېلىقنىڭ، قاندىن جىگەر بىلەن تالنىڭ ھالال ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: بىزگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاندىن ئىككى تۈرلۈك ۋە قاندىن ئىككى تۈرلىكى ھالال قىلىندى: چېكەتكە ۋە بېلىقنىڭ ھەممە تۈرلىرى، جىگەر ۋە تالدىن ئىبارەت. بەيھەقىي رىۋايەت قىلغان.

4. ئاللاھ تائالانىڭ: (ئى مۇھەممەد! مەككە كۇففارلىرىغا) ئېيتقىنكى، ساڭا ۋەھيى قىلىنغان ئەھكاملار ئىچىدە، ئۆزى ئۆلۈپ قالغان نەرسە ياكى ئېقىپ چىققان قان ۋە ياكى چوشقا گۆشى- چوشقا نىجىس يېمەكلىكلەرگە ئادەتلەنگەنلىكى ئۈچۈن چوشقا گۆشى پاسكىنىدۇر- ۋە ئاللاھدىن غەيرىنىڭ ئىسمى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان گۇناھ مالدىن غەيرىنى ھەرقانداق ئادەم ئۈچۈن ھارام كۆرمەيمەن دېگەن ئايەتتە تىلغا ئېلىنمىغان نەرسىلەرنىڭمۇ ھارام ئىكەنلىكىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىسلەر ئارقىلىق بايان قىلىپ بەرگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ۋە يىرتقۇچ قۇشلارنىڭ گۆشىنى يېيىش ھارام قىلىندى، يەنە بىر ھەدىستە بۇنىڭدىن چەكلەنگەنلىكىنى بايان قىلغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەيبەر كۈنى سۆزلىگەن ھەدىسىدە: ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى سىلەرنى ئۆي ئېشىكىنىڭ گۆشىنى يېيىشتىن چەكلەيدۇ، چۈنكى ئۇ نىجىستۇر دېگەن. بۇ ھەدىسنى بۇخارىي بىلەن مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

5 ـ ئاللاھ تائالانىڭ: ئېيتقىنكى، ئاللاھ بەندىلىرى ئۈچۈن ياراتقان لىباسلارنى، شېرىن، پاك رىزقلارنى كىم ھارام قىلدى؟ دېگەن ئايەتتە تىلغا ئېلىنمىغان كىشىلەرنىڭ زىننەتلىنىشى ھارام بولغان نەرسىلەرنى ھەدىسلەر بىلەن بايان قىلىپ بەرگەن. سەھىھ ھەدىسلەردە، بىركۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرنىڭ يېنىغا بىر قولىدا يىپەكنى يەنە بىر قولىدا ئالتۇننى ئېلىپ چىقىپ مۇنداق دېدى: مۇشۇ ئىككى تۈرلۈك نەرسە مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ ئەرلىرىگە ھارام قىلىندى، ئاياللىرىگە ھالال قىلىندى. ھاكىم رىۋايەت قىلغان سەھىھ ھەدىس. بۇ مەزمۇندىكى ھەدىسلەر بۇخارىي بىلەن مۇسلىمدا ۋە باشقا ھەدىس تۈپلاملىرىدا ناھايىتى كۆپ سۆزلەنگەن . ھەدىس ۋە پىقھى ئالىملىرىنىڭ كىتابلىرىدىمۇ بۇنىڭدىن باشقا مەسىلىلەرنى بايان قىلغان ھەدىسلەر ناھايىتى كۆپتۇر.

ئى قېرىنداشلار! يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلگەن مەزمۇنلاردىن بىز ئۈچۈن سۈننەتنىڭ ئىسلام شەرىئىتىدە ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكى ئاشكارا بولدى، بىز يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلگەن مەسىلىلەرگە قايتا بىر قاراپ چىقساق، سۆزلەنمىگەن باشقا مەسىلىلەرگە قاراشتىن سىرت، قۇرئاننى توغرا چۈشىنىش ئۈچۈن سۈننەتنى بىرلەشتۈرمىسەك چۈشىنەلمەيدىغانلىقىمىز ئېنىق بولدى. ( سۈننەتنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى ۋە قۇرئان بىلەن سۈننەتتىن بىھاجەت بولمايدىغانلىقىنىڭ بايانى ناملىق ئەسەرنىڭ 4- بەتتىن 12- بەتكىچە مۇراجىئەت قىلىنسۇن)

يۇقىرىقى سوئالغا دائىر بىلىملەرنى تېخىمۇ چوڭقۇر بىلىش ئۈچۈن شەيخ ئەلبانىينىڭ رىسالىسىگە مۇراجىئەت قىلىشنى تەۋسىيە قىلىمىز. بۇنىڭ بىلەن ئېنىق بولىدىكى ھەرقانداق كىشىنىڭ شەرىئەتتە تەكلىپ بېرىلگۈچىگە ھۆكۈملەرنى ئىسپاتلاپ بېكىتىشتە قۇرئاننى سۈننەتتىن ئايرىۋېتىشى توغرا بولمايدۇ، ئەگەر شۇنداق قىلىدىكەن ئۇ ئادەم قۇرئان كەرىمدىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىڭلار، سۈننىتىنى تۇتۇڭلار ۋە چەكلىگەن ئىشلىرىدىن يېنىڭلار دېگەن بۇيرۇقلارغا ئەڭ خىلاپلىق قىلغۇچى ھېسابلىنىدۇ . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى قۇرئان كەرىمدىكى ھۆكۈملەرنى كۈچلەندۈرۈش، ئوچۇقلاشتۇرۇش، مۇتلەق ھۆكۈملەرنى بىرەر ئىش بىلەن قەيت قىلىش، ئومۇملىرىنى خاسلاشتۇرۇش ئۈچۈن ۋە شۇنىڭدەك

مۇستەقىل ھۆكۈملەرنى پەيدا قىلىش ئۆچۈن كەلگەن، مۇسۇلمان ئۆچۈن شۇنىڭ ھەممىسىگە ئەمەل قىلىش زۆرۈر بولىدۇ.

ئاخىرقى ئىش: بىز بىلەن قۇرئاننىڭ ئۆزى بىزگە كۇپايە قىلىدۇ دېگەن كىشىلەر ئارىسىدىكى كۆرەش ۋە تالاش تارتىشتىن ئىبارەت بولۇپ، بىز ئۇلارغا مۇنداق دەيمىز: بىز قۇرئان كەرىمدە بىرەر ئىشتا تالاش تارتىش قىلىپ قالغاندا قۇرئان بىلەن ھەدىسكە مۇراجىئەت قىلىشقا بۇيرۇلدۇق . ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزەڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر بىر شەيئىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، بۇ توغرىدا ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە (ھەقىقي)ئىشىنىدىغان بولساڭلار، بۇ(يەنى ئاللانىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىگە مۇراجىئەت قىلىش) سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن گۈزەلدۇر . بىز بىلەن تالاش ـتارتىش قىلغۇچى قۇرئان كەرىمدىكى بۇ ھۆججەتنى قانداق قىلىدۇ؟ ئەگەر قوبۇل قىلسا: ئۇ كىشىلەر سۈننەتكە مۇراجىئەت قىلغان بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ بىزگە قۇرئانلا كۇپايە قىلىدۇ دېگەن سۆزى باتىل بولۇپ ئەمەلدىن قالدى، ئەگەر قوبۇل قىلمىسا: قۇرئان بىزگە سۈننەتتىن كۇپايە قىلىدۇ دەپ دەۋا قىلغان قۇرئان كەرىمگە خىلاپلىق قىلغان بولدى.

ئاللاھ ھەممىمىزنى توغرا يولغا يېتەكلەپ، قەلبىمىزنى قۇرئان ۋە سۈننەت نۇرى بىلەن يورۇتسۇن.